# موللا شاكىرنىڭ قەبرىسى تېپىلدى

يېقىندا ئۈچتۇرپاندىكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرى، دىنىي زاتلار ۋە ئامما شۇ جايدىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ جىددىي قوللىشى ئارقىسىدا جاپالىق ئىزدىنىپ، ئاتاقلىق شائىر ۋە مۇئەررىخ موللا شاكىرنىڭ قەبرىسىنى تېپىپ چىقتى. بۇ ھال خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى زور ئىش. بۇ ھەقتە تەھرىر ئىشخانىمىزغا كەلگەن «تالانتلىق شائىر ۋە تارىخچى موللا شاكىرنىڭ قەبرىسى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشىمىز» سەرلەۋھىلىك خەۋەرنى ئېلان قىلدۇق.

**مۇھەررىردىن**

# تالانتلىق شائىر ۋە تارىخچى موللا شاكىرنىڭ قەبرىسى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشىمىز

**تۇرسۇن بارات**

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنى مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش خىزمىتىگە كەڭ يول ئاچتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «بۇلاق» مەجمۇئەسى ۋە باشقا ژۇرناللاردا تالانتلىق شائىر، تارىخچى موللا شاكىرنىڭ قىسقىچە ھاياتى ۋە ئۇنىڭ «زەفەرنامە» داستانى ئېلان قىلىنىپ كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

موللا شاكىر ھەقىقەتەنمۇ رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ 19-ئەسىردىكى داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، تالانتلىق شائىر، تارىخشۇناستۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ موللا شاكىر توغرىسىدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدە «موللا شاكىرنىڭ ئاخىرقى ھاياتى ئۈچتۇرپاندا ئۆتكەن» دەپ ئىزاھلانغانىدى. بۇ خىل قاراش بىزنىڭ موللا شاكىرنىڭ ئۈچتۇرپاندىكى ھاياتىي پائالىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىشىمىزگە ۋە ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەپ تېپىشىمىزغا تېخىمۇ زور يېتەكچى بولدى.

**1. موللا شاكىر ئۇچتۇرپانغا قاچان، نېمە سەۋەبتىن كەلگەن؟ ئۇچتۇرپاننىڭ قايسى جايىدا تۇرغان؟**

ھەممىمىزگە مەلۇم، 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا چىڭ سۇلالىسى ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ خەلققە سالغان زۇلمى ھەددىدىن ئاشتى. بولۇپمۇ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا ياشىغۇچى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى مانجۇ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا ۋە مىللىي خورلىنىشقا ئۇچرىدى. 19-ئەسىردە ياشىغان خوتەنلىك تارىخچى مەمۇت ئەلەمنىڭ 1897-يىلى يېزىپ قالدۇرغان «خوتەن تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە، ئالۋاڭ-ياساق تۈرلىرى «جان پۈتىنكى»، «چوقا بېشى»، «خان پۇلى»، «يەر پۇلى»، «قونالغۇ»، «ئوت پۇلى»، «پوقرالىق»، «باسقاق»، «ۋۇزدارلىق»، «مىراپلىق»، «غەللە»، «باج»، «پالى»، «تاپان ھەققى»، «چاي»، «ئوت، سامان»، «يەم-خەشەك» قاتارلىق ناملار بىلەن 65 خىلدىن ئاشقان. بۇ خىل ھېسابسىز ئالۋاڭ-ياساق خەلققە چىدىغۇسىز بالايى-ئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن. قەيەردە زۇلۇم بولىدىكەن، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ. بۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان تارىخىي ھەقىقەت. 1850-يىللىرى قوزغالغان جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىق تەيپىڭ-تيەنگو ئىنقىلابى ئەسىرلەر بويى زۇلۇم تارتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ناھايىتى زور ئىلھام بولدى.

ھىجرىيە 1281-يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ 1-كۈنى (مىلادى 1864-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنى) كۇچا خەلقى راشىدىن خوجا باشچىلىقىدا زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى، قوزغىلاڭ تېزلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمال تەرىپىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. قوزغىلاڭچى قوشۇن كۇچادىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك فېئوداللارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. خەلق راشىدىن خوجىنى خان قىلىپ سايلاپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى ۋە غەرب تەرەپتىكى جايلارغا يۈرۈش قىلدى. ھىجرىيە 1281-يىلى ماھى سەپەرنىڭ ئاخىرىدا (مىلادى 1864-يىل 7-ئايدا) ھادىدىن خوجا، خىتىپ خوجا باشچىلىق قىلغان كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان قىسمى ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاننى ئىگىلىدى. بۇ خىل بوران-چاپقۇنلۇق جەڭدىكى كۈرەش بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىمگە بېرىلگەن شائىر، تارىخچى موللا شاكىرنىمۇ ئۆزىنىڭ شىددەتلىك دولقۇنى ئىچىگە ئېلىپ كىردى. شائىر دەل 59 ياشقا كىرگەندە، كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ ئۇچتۇرپانغا يۈرۈش قىلغان قىسىملىرىنىڭ قوماندانى مەھمۇددىن خوجا ۋە ئۇنىڭ باش مىرزىسى 19 ياشلىق موللا مۇسا سايرامى بىلەن بىللە قولىغا قورال ئېلىپ ئۇچتۇرپانغا كەلدى. ئۇچتۇرپاندىكى ئۇرۇش ئىنتايىن دەھشەتلىك بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك فېئوداللار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، مۇاجەرتاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۆزلىرىنى پارتلىتىپ گۇمران بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قوزغىلاڭچى قوشۇندىن 212 نەپەر كىشى باتۇرلارچە قۇربان بولغان بولسىمۇ، ئاخىرقى غەلىبە يەنىلا قوزغىلاڭچى قوشۇنغا مەنسۇپ بولدى.

لېكىن ھىجرىيە 1284-يىلى ماھى مۇھەررەمدە (مىلادى 1867-يىل 5-ئايدا) ياقۇپبەگ قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرنى ئىگىلەپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا

ئۇچتۇرپاندىكى يەرلىك بەگ — توختى بەگنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى بىلەن ئۇچتۇرپاندا تۇرۇۋاتقان قوزغىلاڭچى قىشۇن ياقۇپبەگكە تەسلىم بولدى. ياقۇپبەگ، مەھمۇددىن خوجا، موللا موسا سايرامى قاتارلىق قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ سەركەدىلىرىنى تۇتۇپ ئاقسۇدا نەزەربەند قىلدى. بۇ مەزگىلدە موللا شاكىرنىڭ سالامەتلىكى زەئىپلەشكەنلىكتىن ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقتوقاي يېزىسىدىكى داڭلىق سەيلىگاھ سويۇتقا مازىرىغا بېرىپ پاناھلاندى. شائىر بۇ ھەقتە:

بەش ئاي نەزمىگە ۋەقتنى ئەيلەپ مەدام،
«كىتابى زەفەرنامە» گە سۇبھى شام.
كى بىرمىڭ ئىككى يۈز ئىدى سەكسەن ئۈچ،
سوۋۋت مەۋزەئى بولدى شەھىرى ئۈچ.
جامادىيەل ئەۋۋەلدە بولدى تەمام،
يىلى قىي، يەكشەنبە ئۇشبۇ كەلام.
قىلىپ موللا شاكىر بۇ سۆزلەرنى نەزم،
ئىرقۇتۇپ ئىشتىسە نەچچە ئەھلى بەزم.
ئۆزۈم ھەم قىيرى ئاجىزۇ بىتەبۇل،
مىزاجىم زەئىپ ئېردى تەبئىم مەلۇل.
قىلىپ قىردىق يىل مەن سۇخەنئۇەرچىلىك،
قىلىپ ئەمرۇ مەئرۇب جاھانگەشتەلىك.
يېتىپ ئاتمىش بىرگە ئەمدى قارىپ،
بۇ ئۇچتۇرپاندا مۇسافىر غەرىب.
قالۇر دەھردە بىزلەردىن يادىگار،
ھەممىشە دۇئادىن بىز ئۇمىدۋار.

دەپ يازىدۇ. يۇقىرىقى پاكىتلاردىن شائىرنىڭ ئاخىرقى ھاياتىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى سويۇتقا سەيلىگاھىدىكى مەسچىتتە ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

**2. شائىرنىڭ قەبرىسى توغرىسىدا**

بىز موللا شاكىرنىڭ ئاخىرقى ھاياتىنى ئۇچتۇرپاننىڭ سويۇتقا سەيلىگاھىدىكى مەسچىتتە ئۆتكۈزگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، بۇ ئۇلۇغ زات ئالەمدىن قاچان ئۆتكەن، قەيەردە دەپنە قىلىنغان دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئىزدەندۇق. ئالدى بىلەن سويۇتقا مازار مەسچىتىگە بېرىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق. ياشلار ئەھۋالنى بىلمەيدىكەن، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە 80 ياشتىن ئاشقان مۆتىۋەرلەر «بىزنىڭ ئاڭلىشىمىزچە، مۇشۇ مەسچىتتە موللا شاكىر ئاخۇنۇم دېگەن بىر ئالىم ۋە ئۇستا خەتتات ئۆتكەنىكەن. نۇرغۇن تالىپلارنى تەربىيىلىگەنىكەن»، دېيىشتى ھەمدە ئاقتوقاي يېزىسى ۋە ناھىيىمىزدىكى دىنىي ئۆلىمالاردىن بىر نەچچە كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۇلاردىن سوراپ بېقىشىمىزنى ئېيتتى. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا ناھىيىمىزدىكى پېشقەدەم دىنىي زاتلار ۋە مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن ئىككى قېتىم سۆھ-

بەت ئۆتكۈزدۇق. سۆھبەتكە قاتنىشالمىغان، ناھىيىمىزدە ئۆتكەن تارىخىي شەخس ۋە تارىخىي ۋەقەلەردىن خەۋىرى بار بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن تەكرار - تەكرار سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق. يۈزگە يېقىن كىشى بىلەن ئۆتكۈزگەن كوللىكتىپ ۋە ئايرىم سۆھبىتىمىزدە، ئۇلار بىردەك ئۇچتۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان داڭلىق سويۇتقا مازىرى چوڭ بۇلاقنىڭ شەرقىي جەنۇب قىرغىقىدىكى يالغۇز قەبرىنىڭ شائىر موللا شاكىرنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ زاتنىڭ 1870 - يىلى 63 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

تۆۋەندە بۇ ئىسپات ماتېرىياللاردىن بىر نەچچىنى تونۇشتۇرىمىز.

### ئۇچتۇرپاندىكى ئاتاقلىق سەيلىگاھ - سويۇتقا مازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇررەھمان قارىنىڭ ئىسپاتى

مەن بۇ يىل ئاتمىش ئالتە ياشقا كىردىم. ھازىر سويۇتقا مازار مەسچىتىگە ئىمامەتچىلىك قىلىۋاتىمەن. ئەينى يىللاردا زىۋاخان ئىسىملىك بىر ھاممائاچام بار ئىدى. مەن بىلگۈدەك بولسام ئىمىن ئۇستام دېگەن بىر موزدۇز كىشىگە ياتلىق بولغانىكەن. ئىمىن ئۇستام بىرمىڭ توققۇز يۈز سەكسەنىنچى يىلى سەكسەن بىر يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. بىزنىڭ ئۇ كىشى ھايات چېغىدا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىش - كېلىشىمىز قويۇق ئىدى. ئىمىن ئۇستام گەرچە ساۋاتسىز بولسىمۇ كۆپنى بىلەتتى. مېنىڭ قارى قۇرئان بولغىنىمغا بەك ھەۋەسى كېلىپ، سويۇتقا سەيلىسى توغرىسىدا كۆپ قېتىم پاراڭ قىلىپ بەرگەنىدى. مەنمۇ ئۇ كىشىنىڭ پاراڭلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتىم. بىرمىڭ توققۇز يۈز ئاتمىشىنچى يىللار بولسا كېرەك. ئىمىن ئۇستام بىر كۈنى ماڭا: «دادام ھوشۇر ئاخۇن سويۇتقا مازىرىنىڭ شەيخى ئىدى. دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، سويۇتقا مازىرىدا موللا شاكىر ئاخۇنۇم دېگەن كىشى بولۇپ، ئالىم ۋە ئۇستا خەتتات ئىكەن. سويۇتقا خانىقاسىدا نۇرغۇن تالىپلارنى تەربىيىلىگەن. كېيىن ۋاپات بولغاندىمۇ ياتقان يېرى مۇشۇ سويۇتقا مازىرى بولغانىكەن. موللا شاكىر ئاخۇنۇم ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆزىنىڭ ئوتتۇز سەككىز ياشلىق تالىپى بولغان دادام ھوشۇر ئاخۇنغا «ئەرەبىي فۇخكايىدا» دېگەن بىر كىتابنى كۆچۈرۈپ بېرىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن. دادام بۇ كىتابنى ئۇزۇن يىل ساقلاپ، بىرمىڭ توققۇز يۈز يىگىرمە بەشىنچى يىلى توقسان ئالتە يېشىدا، جان ئۈزۈشتىن سەل ئىلگىرىلا: مەن ھازىر ياشىنىپ قالدىم، سىز قارى قۇرئان بولۇپ يېتىشتىڭىز. بۇ كىتابنى موللا شاكىر ئاخۇنۇمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ساقلاپ قويارسىز» دەپ ماڭا قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. بۇ كىتابنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

**ئابدۇررەھمان قارىم**

1986 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، يەكشەنبە

## ئاقتوقاي ئاقتمكى مازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى تۇردى ئىمامنىڭ ئىسپاتى

مەن بۇ يىل سەكسەن ئالتە ياشقا كىردىم. بىر مىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز سەككىزىنچى يىلى تۇنجى ئايلىرىدا، ناھىيىنىڭ ھاكىمى مەتتىمىن ناھىيىمىزدىكى نەمەنگانلىق ئۆزبېك دىنىي ئۆلىما، تارىخچى، تىۋىب مۇھەممەدجان (قولتۇق داموللام) ۋە مەن سويۇتقا مازارغا چىقىپ بىر كېچە تۇندۇق. ئەتىسى داموللام، مەتتىمىن ھاكىم بىز ئۈچ كىشى بۇلاقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر قەبرىگە قۇرئان تىلاۋەت قىلدۇق. تىلاۋەتتىن كېيىن داموللامدىن: تەقسىر، بۇ كىمنىڭ قەبرىسى بولىدۇ دەپ سورىدىم. داموللام: «مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە مازايى - ماشايىخلارنى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتىمەن. قەبرىلا بولسا تىلاۋەت قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ قەبرە بۇنىڭدىن ئەللىك - ئاتمىش يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن موللا شاكىر ئاخۇنۇم دېگەن بىر ئۆلىما زاتنىڭ قەبرىسى. بۇ كىشى ھايات ۋاقتىدا ئىلمىي ئەمرى مەرۇب قىلىپ، يۇرت كەزگەن بولسىمۇ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى خەتتاتلىق ۋە سوخەنۋەرچىلىك ئىلمى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئالىم كىشى ئىدى. بۇ قەبرىگە ھايات ياشاۋاتقانلىرىمىز خالىسانە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ تۇرساق بولىدۇ» دېدى.

داموللامنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان مەتتىمىن ھاكىم شۇ كۈنىلا يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى يىغىپ، قەبرىنى ياسىتىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئۆزى يۈز سەر كۈمۈش ئىئانە قىلدى. ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى ياغاچتىن يۈز تال بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەبرە ھەم مەسچىد ئۇزۇنغا قالماي پۈتتى. بۇ كۆركەم رىشاتكىلىق قەبرە پۈتكەندىن كېيىن، مەتتىمىن ھاكىم كاتتا نەزىر ئۆتكۈزۈپ، يۇرت ئەھلىگە قەبرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئاندىن قەبرىگە دۇخاۋا يوپۇق ياپتى.

سويۇتقىدا يەنە ساۋۇت ساھىب تەكبىر ئاخۇنۇم دېگەن كىشى بولۇپ، سەكسەن بەش يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ كىشىمۇ بۇ سەيلىگاھتا، سەيلىچىلەرگە: «بۇ قەبرە موللا شاكىر ئاخۇنۇمنىڭ قەبرىسى بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇرۇپ تۇراتتى. مەنمۇ بۇ قەبرىگە ئۇ زاتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، بۇ زاتنى سېغىنىپ كېلىۋاتىمەن.

**تۇردى ئىمام ئاخۇنۇم**

1986 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، يەكشەنبە

## شەھەر ئىچىدىن تارىخچى ئابدۇررەھمان سولايماننىڭ ئىسپاتى

مەن بۇ يىل يەتمىش ياش. ئەرەبىي، پارسچىدىن خەۋىرىم بولغاچقا، ھەرخىل كىتابلارنى قىزىقىپ ئوقۇيمەن. تارىخىي كىتابلارنى تېخىمۇ قىزىقىپ ئوقۇيمەن. مېنىڭ دادام ناسىۋال ئېتىپ ساتاتتى. مىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز سەككىزىنچى يىلى ئەتىيازدا دادام مېنى سويۇتقۇلۇق توختى خاتىپ دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە تاماكا سېتىۋېلىش ئۈچۈن چىقاردى. بۇ خاتىپمۇ ياشانغان كىشى ئىدى. مەن چىققان كۈنى جۈمە كۈنى

بولۇپ، خاتىپ بىلەن بىرگە بېرىپ، سويۇتقا مازار مەسچىتىدە جۈمە نامىزىنى ئوقۇدۇق. نامازدىن كېيىن توختى خاتىپ چوڭ بۇلاقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قەبرىگە خەتمە تىلاۋەت قىلدى. بۇ چاغدا خاتىپتىن بۇ كىمنىڭ قەبرىسى بولىدۇ، دەپ سورىسام، خاتىپ: «بىر زامانلاردا بۇ سويۇتقا مەھەللىسىدە موللا شاكىر ئىمام ئاخۇنۇم ئاتلىق بىر ئالىم ئۆتكەن بولۇپ، بۇ كىشى مۇشۇ مازاردا ئۇزۇن يىل ئىئتىكاپ قىلغان ۋە مۇشۇ جايدا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ مانا شۇ زاتنىڭ قەبرىسى بولىدۇ»، دېدى. مەن توختى خاتىپتىن بۇ سۆزنى ئىشىتكىنىمگە توپتوغرا قىرىق يەتتە يىل بولدى. شۇندىن بۇيان سويۇتقىغا چىقسام بۇ قەبرىگە دۇئا تەكبىر قىلىپ كېلىۋاتىمەن. مېنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىمدىن قارىغاندىمۇ بۇ قەبرە باشقىلارنىڭ ئەمەس، توختى خاتىپ ئېيتقان شاكىر ئىمامنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۆزى شۇ. مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ باشقا كىشىلەردىن بۇ قەبرىنىڭ يەنىلا موللا شاكىر ئاخۇنۇمنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە نۇرغۇن پاراڭلارنى ئاڭلىغانىدىم.

**ئابدۇررەھمان سۇلايمان**

1986 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، يەكشەنبە

AltunOq